سەلتەنەتلىك 70 يىل كۆرەشچان يېڭى دەۋر
يېڭى جۇڭگونىڭ قاينام ـ تاشقىنلىق يىللىرى

# «بىر بەلباغ، بىر يول» ئۇلۇغۋار پىلانىنى تۈزۈش

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 11 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى تېلېگراممىسى(چى شېڭ)** 2013 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى، 10 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى، باش شۇجى شى جىنپىڭ ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا قازاقىستان نەزەربايېۋ داشۆسى، ھىندونېزىيە پارلامېنتىدا نۇتۇق سۆزلەپ، ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ «يىپەك يولى ئىقتىساد بەلبېغى» بىلەن «21 ـ ئەسىر دېڭىز ئۈستى يىپەك يولى»نى ئورتاق قۇرۇش مۇھىم، زور تەشەببۇسىنى ئوتتۇرىغا قويدى، قىسقارتىپ «بىر بەلباغ، بىر يول» تەشەببۇسى دېيىلدى.

«بىر بەلباغ، بىر يول» ئاسىيا ـ ياۋروپا ـ ئافرىقا چوڭ قۇرۇقلۇقىنى كېسىپ ئۆتىدۇ، بىر ئۇچى جانلىق شەرقىي ئاسىيا ئىقتىساد چەمبىرىكىدە، بىر ئۇچى تەرەققىي قىلغان ياۋروپا ئىقتىساد چەمبىرىكىدە، ئوتتۇرىسى تەرەققىيات يوشۇرۇن كۈچى غايەت زور بولغان كەڭ رايوندىكى دۆلەتلەر.

«بىر بەلباغ، بىر يول» تەشەببۇسى باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ دۆلەت ئىچى، خەلقئارا ئىككى چوڭ ۋەزىيەتنى بىرتۇتاش پىلانلاپ، ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسى ھەمدە جۇڭگو ۋە دۇنيانىڭ تەرەققىيات چوڭ ۋەزىيىتى ئۈستىدە چوڭقۇر ئويلىنىپ، پۈتۈن يەر شارىنىڭ ئورتاق گۈللىنىشى، ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسى بەرپا قىلىشنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن چىقارغان مۇھىم، زور ئىستراتېگىيەلىك تەدبىرى، يېڭى دەۋردىكى جۇڭگونىڭ سىرتقا ئېچىۋېتىش ۋە ئىقتىساد دىپلوماتىيەسىنىڭ يۇقىرى قاتلامدىن لايىھەلىنىشى.

«بىر بەلباغ، بىر يول» تەشەببۇسىدا ئورتاق كېڭىشىش، ئورتاق قۇرۇش، ئورتاق بەھرىلىنىش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، سىياسەتتە پىكىرلىشىش، ئەسلىھەنى تۇتاشتۇرۇش، سودىنى راۋانلاشتۇرۇش، مەبلەغنى يۈرۈشتۈرۈش، ئەل رىشتىنى تۇتاشتۇرۇشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ئاساسىي مەزمۇن قىلىندى. «بىر بەلباغ، بىر يول» قۇرۇلۇشى خەلقئارا ھەمكارلىق رامكىسى ئىچىدە ئۇل ئەسلىھە قۇرۇلۇشى ۋە ئالاقىنى راۋانلاشتۇرۇش ئىلگىرى سۈرۈلدى، ئىقتىساد، سىياسەتنى ماسلاشتۇرۇش ۋە تەرەققىيات ئىستراتېگىيەسىنى ئۇدۇللاشتۇرۇش كۈچەيتىلدى، ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ ئەۋزەللىكلىرى ئارقىلىق ئۆزئارا تولۇقلاش، ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈپ ئورتاق پايدا ئېلىشى ئىشقا ئاشۇرۇلدى، قول تۇتۇشۇپ دۇنيا ئىقتىسادى دۇچ كەلگەن خىرىسقا تاقابىل تۇرۇلدى، تەرەققىيات يېڭى پۇرسىتى يارىتىلدى، تەرەققىيات يېڭى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى كۆزلەندى، تەرەققىيات يېڭى بوشلۇقى كېڭەيتىلدى، «بىر بەلباغ، بىر يول» ھەقىقىي تۈردە بىر تىنچلىق يولى، گۈللىنىش يولى، ئېچىۋېتىش يولى، يېڭىلىق يارىتىش يولى ۋە مەدەنىيلىك يولى قىلىپ قۇرۇپ چىقىلىپ، ئۈزلۈكسىز تۈردە ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسى يۆنىلىشىگە قاراپ قەدەم بېسىلدى.

2019 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ ئاخىرىغا قەدەر، 136 دۆلەت ۋە 30 خەلقئارا تەشكىلات جۇڭگو بىلەن 195 پارچە «بىر بەلباغ، بىر يول»نى ئورتاق قۇرۇش ھەمكارلىق ھۆججىتى ئىمزالىدى. ئالتە يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان، «بىر بەلباغ، بىر يول» تەشەببۇسىنىڭ ئەمەلىيەتكە، ئارزۇدىن ھەرىكەتكە ئايلىنىپ، ئىلگىرىلىشى ۋە نەتىجىسى مۆلچەردىكىدىن ئېشىپ، ھەمكارلىق ھەمراھلىرى بارغانسېرى كۆپىيىپ، تەسىر كۈچى ۋە چاقىرىق كۈچى كۈنسېرى ئېشىپ، جۇڭگونىڭ يەر شارىۋى ئېچىۋېتىش ـ ھەمكارلىققا قاتنىشىش، يەر شارىۋى ئىقتىسادنى ئىدارە قىلىش سىستېمىسىنى ياخشىلاش، پۈتۈن يەر شارىنىڭ ئورتاق تەرەققىي قىلىپ گۈللىنىشنى ئىلگىرى سۈرۈش، ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسى بەرپا قىلىشقا تۈرتكە بولىدىغان جۇڭگو لايىھەسىگە ئايلانماقتا، جۇڭگونىڭ يەر شارىۋى ئېچىۋېتىش ـ ھەمكارلىققا قاتنىشىش ۋە يېتەكچىلىك قىلىش يېڭى مەنزىلىنى ئاچتى، دۇنيانىڭ تەرەققىيات تارىخىدا ئابىدە خاراكتېرلىك ئەھمىيەتكە ئىگە.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

«ئاپتونوم رايوننىڭ ‹ئائىلە زۇلۇمغا قارشى تۇرۇش قانۇنى›نى يولغا قويۇش چارىسى(لايىھە)» ئىزاھاتى، «ئاپتونوم رايوننىڭ ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش نىزامى» قاتارلىق بەش يەرلىك نىزامنى بىكار قىلىش توغرىسىدىكى تەكلىپ ئىزاھاتى، «ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ يېڭىلىق يارىتىش ئارقىلىق تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇش ئىستراتېگىيەسىنى يولغا قويۇپ يېڭىلىق يارىتىشچان شىنجاڭ قۇرۇشنى تېز ئالغا سىلجىتىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىش توغرىسىدىكى قارارى(لايىھە)» ئىزاھاتى ئاڭلاپ ئۆتۈلدى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ 2018 ـ يىللىق ئاپتونوم رايوننىڭ شۇ دەرىجىلىك خامچوت ئىجراسى ۋە باشقا مالىيە كىرىم ـ چىقىمنى ئىقتىسادىي تەپتىش قىلىشتا تەكشۈرۈپ چىقىلغان مەسىلىلەرنى تۈزىتىش ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلاتى، 2019 ـ يىللىق ئاپتونوم رايوننىڭ شۇ دەرىجىلىك خامچوتنى تەڭشەش لايىھەسى(لايىھە) توغرىسىدىكى دوكلاتى ئاڭلاپ ئۆتۈلدى.

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىرىدىن جۇ خەيلۇن، لى شۆجۈن، ۋاڭ يۇڭمىڭ، مۇتەللىپ قاسىم، دۇڭ شىنگۇاڭ، گۈلشات ئابدۇقادىر، مانەن زەينەل، سو يۆ يىغىنغا قاتناشتى.

ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى جارۇللا ھېسامىدىن، ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ مەھكىمە باشلىقى باھارگۈل سەمەت، ئاپتونوم رايونلۇق رېۋىزىيە كومىتېتى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكىمىسىدىكى ئالاقىدار مەسئۇل كىشىلەر، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپلىرى، ھەرقايسى مەخسۇس كومىتېتلار، دائىمىي كومىتېت خىزمەت تارماقلىرىدىكى مەسئۇل كىشىلەر، ھەرقايسى ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرىدىكى مەسئۇل كىشىلەر، قىسمەن مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ۋەكىللىرى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىللىرى ھەمدە ئالاقىدار تارماقلاردىكى مەسئۇل كىشىلەر قاتارلىقلار يىغىنغا سىرتتىن قاتناشتى.

---

# تارباغاتاي ۋىلايىتى: دىققەتنى ئاممىنىڭ كۆڭۈل بۆلگىنىگە مەركەزلەشتۈرۈش ئەمەلىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش

(بېشى 1 ـ بەتتە)

«ئاممىنىڭ مەنپەئەتىگە ئېتىبارسىز قاراش، زىيان يەتكۈزۈشنى مەخسۇس تۈزەش خىزمىتىگە قارىتا، تارباغاتاي ۋىلايەتلىك پارتكوم 11 نەپەر ۋىلايەت، نازارەت دەرىجىلىك رەھبەرنىڭ ئىش تەقسىماتى مەسئۇلىيىتىنى مەخسۇس ئايدىڭلاشتۇردى، ۋىلايەتلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، رېۋىزىيە كومىتېتى باشلامچىلىق بىلەن ئومۇمىي جەھەتتىن تۇتتى، 18 فۇنكسىيەلىك ئورۇن (تارماق)، يەتتە ناھىيە(شەھەر) بىرىكمە كۈچنى مۇجەسسەملەپ ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى تۇتۇپ، ۋىلايەت، ناھىيە يۇقىرى ـ تۆۋەن بىرلىشىپ ھەرىكەت قىلىپ، كەسىپ سىستېمىسى بويىچە توغرا يۆنىلىشلىك ھەمتۈرتكە بولۇپ، باشلامچى تارماقلار قەرەللىك ئورۇنلاشتۇرۇپ تۈرتكە بولۇشنى شەكىللەندۈرۈپ، تۈزىتىشنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنىڭ ياخشى خىزمەت ۋەزىيىتىنى كۈچنى بىرىكتۈرۈپ ئالغا سىلجىتتى» دېدى تارباغاتاي ۋىلايەتلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، رېۋىزىيە كومىتېتىنىڭ ئەزاسى ئايقىن قۇمار.

ئىگىلىنىشىچە، بۇ قېتىمقى مەخسۇس تۈزەشتە، تارباغاتاي ۋىلايەتلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، رېۋىزىيە كومىتېتى ئەمەلىيەتكە زىچ بىرلەشتۈرۈپ، تۈزەش مۇھىم نۇقتىلىرىنى ئۈچ جەھەتتىكى 99 مەسىلىگە ئىنچىكىلەشتۈرۈپ، دىققەتنى مائارىپ ـ داۋالاش، مۇھتاج ئاسراش، يېمەكلىك ـ دورا بىخەتەرلىكى قاتارلىق خەلق تۇرمۇشى ساھەلىرىگە مەركەزلەشتۈرۈپ، ئاممىنىڭ مەنپەئەتىگە زىيان يەتكۈزۈش مەسىلىلىرى ۋە ئاممىنىڭ ئەتراپىدا يۈزبەرگەن ناتوغرا ئىستىل، «ئۇششاق چىرىكلىك» مەسىلىلىرىنى چىڭ كۆزلەپ، ئۆز ـ ئۆزىنى تەكشۈرۈش ـ تۈزىتىش، تەكشۈرۈشكە ھەيدەكچىلىك قىلىش، تۈزىتىشنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئارقىلىق ئۇزاق ئۈنۈملۈك مېخانىزمنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، ئامما ئەڭ كۆڭۈل بۆلىدىغان، ئەڭ بىۋاستە، ئەڭ رېئال مەنپەئەت مەسىلىلىرىنى ھەل قىلغان.

مائارىپ ساھەسىدە، «ئوقۇتقۇچىلىق ئەخلاقى، ئوقۇتقۇچىلىق ئىستىلى» جەھەتتىكى 79 مەسىلە تەكشۈرۈپ تېپىلىپ، بىرمۇبىر تۈزىتىلدى؛ داۋالاش ـ سەھىيە ساھەسىدە، 203 بەلگىلەنگەن داۋالاش ئاپپاراتى تەكشۈرۈلۈپ، بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلغان ئاپپاراتتىن 39ى بىر تەرەپ قىلىندى، داۋالىنىش سۇغۇرتىسى مۇلازىمەت ئاپپاراتىدىن 15ى ۋاقىتىنچە توختىتىلدى، داۋالىنىش سۇغۇرتىسى مۇلازىمەت ئاپپاراتىدىن بىرى بىكار قىلىندى، بىر ئاپپاراتقا مەمۇرىي جەھەتتىن جەرىمانە قويۇلدى، 16 ئاپپاراتنىڭ كېلىشىمگە خىلاپلىق قىلىش پۇلى تۇتۇپ قېلىندى؛ يېمەكلىك ـ دورا بىخەتەرلىكى ساھەسىدە، مەكتەپ ھەم ئەتراپتىكى يېمەكلىك تىجارىتى قىلىدىغان ئورۇنلاردىن 2913 ئورۇن(قېتىم)، دورا پارچە سېتىش كارخانىلىرى ھەم داۋالاش ئاپپاراتلىرىدىن 643 ئورۇن(قېتىم)، دۇكانلاردىن 322سى تەكشۈرۈلۈپ، 53 دېلو تۇرغۇزۇلدى، جەرىمانە ـ مۇسادىرە پۇلى 264 مىڭ 100 يۈەن بولدى؛ كاپالەت خاراكتېرلىك تۇرالغۇ ساھەسىدە، ھەرقايسى ناھىيە(شەھەر)دىكى ئىلگىرىكى يىللاردا تەقسىم قىلىنىپ كۆچۈپ كىرگەن 12 مىڭ ئائىلىگە قارىتا ئائىلىلەرگە كىرىپ تەكشۈرۈلۈپ، مەسىلە يىپ ئۇچىدىن 29ى بايقالدى، بىرمۇبىر تەكشۈرۈلۈپ ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى؛ يېزا ئەمىن ئۆيىدىن 2715 ئائىلىلىك يېڭىدىن سېلىندى، 356 ئۆيى يوق، خەتەرلىك ئۆيى بار ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن نامرات ئائىلىنىڭ يېڭىدىن سېلىنغان ئۆيى تولۇق پۈتتى، 1495 ئائىلىدىكى 5733 كىشىنى نامراتلارنى باشقا جايغا كۆچۈرۈپ يۆلەش بويىچە ۋەزىپە پۈتۈنلەي تاماملاندى.

تارباغاتاي ۋىلايەتلىك مېيىپلەر بىرلەشمىسى ئايرىم جايلارنىڭ ئېغىر دەرىجىلىك مېيىپلەرنىڭ پەرۋىش ياردەم تولۇقلىمىسى تارقىتىشى ئەمەلىيلەشمەسلىك، بەزى جايلاردا ئېغىر دەرىجىلىك مېيىپلەرنىڭ ئۆيلىرىنى توسالغۇسىز قىلىپ ئۆزگەرتىش ئەمەلىيلەشمەسلىك قاتارلىق مەسىلىلەرگە قارىتا، ئاپتونوم رايونلۇق مېيىپلەر بىرلەشمىسى ۋە ئالاقىدار ناھىيە، شەھەرلەر بىلەن پائال ئۇدۇللاشتۇرۇپ، پەرۋىش ياردەم تولۇقلىمىسىغا كىرگۈزۈلمىگەن ئېغىر دەرىجىلىك مېيىپلەرگە قارىتا، كىرگۈزۈشكە تېگىشلىكلىرىنى تولۇق كىرگۈزۈشنى ئىشقا ئاشۇردى. تارباغاتاي ۋىلايەتلىك تەبىئىي بايلىق ئىدارىسى كۆچمەس مۈلۈكنى تىزىملاش مۇلازىمىتىدە ساقلانغان مەسىلىلەرگە قارىتا، تۇرالغۇ ۋە شەھەر ـ يېزا قۇرۇلۇشى، باج ئىشلىرى قاتارلىق مۇناسىۋەتلىك تارماقلار بىلەن ماسلىشىپ، كۆچمەس مۈلۈكنى تىزىملاش ئۇچۇرىدىن ئورتاق بەھرىمەن بولۇش، تەرتىپنى ئاددىيلاشتۇرۇش ۋە خادىملارنى توپلاشتۇرۇشقا تۈرتكە بولۇپ، «بىر كۆزنەكتە قوبۇل قىلىش، تەڭ بېجىرىش»نى تېز ئىشقا ئاشۇردى.

تۈزىتىشنىڭ نەتىجە ـ ئۈنۈمىنى كۆرگىلى، تۇتقىلى بولدى، ئامما مەخسۇس تۈزەش ئېلىپ كەلگەن يېڭى كەيپىيات، يېڭى ئۆزگىرىشلەرنى ھەقىقىي ھېس قىلدى. دۆربىلجىن ناھىيەسىنىڭ كۈرە يېزىسى قارا سۇ كەنتىدىكى كەنت ئاھالىسى خاسىيەت مۇرات ھاياجانلانغان ھالدا مۇنداق دېدى: «مەن دەل مەخسۇس تۈزەشتىن نەپ ئالغۇچى، ھازىر ھەر ئايدا مېيىپلەر پەرۋىش ياردەم پۇل مەبلىغى ئالالايمەن، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ غەمخورلۇقىغا رەھمەت، بىزنىڭ پۈتۈن ئائىلىدىكىلەر ئىنتايىن خۇشال».

---

مىللەتنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن ـ قەھرىمانلار، قۇربانلار شەجەرىسى

# ما شىگو: ئۆز ھاياتىدىن كېچىپ باشقىلارنى قۇتقۇزغان قەھرىمان خەلق ساقچىسى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، جېڭجوۋ، 11 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى تېلېگراممىسى(مۇخبىر جېي جو)** بۈگۈنكى كۈندە، ما شىگو تىلغا ئېلىنسا، خېنەن ئۆلكىسى گۇڭيى شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىدىكى ھەربىر يولداش يەنىلا ھۆرمەت ھېسسىياتىغا تولىدۇ. «ھېرىپ ـ چارچاشنى بىلمەيدىغان لاۋما» «پۇل بىلەن تەسىرلەندۈرۈشنى ئويلاشقا بولمايدىغان لاۋما» «سەپدىشىنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ئۆزىنى قۇربان قىلغان لاۋما»... توققۇز يىل كۈرەش قىلغان جامائەت خەۋپسىزلىكى خىزمىتى ئىش ئورنىدا، ما شىگو مەسئۇلىيىتىنى تولۇق ئادا قىلىپ، ئادىل ئىش بېجىرىپ، ئادالەت يولىدا پىداكارلىق كۆرسىتىپ، خەلق جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىشلىرى ئۈچۈن ئاجايىپ شەرەپلەرنى قۇچتى.

ما شىگو(1951 — 1994)، خېنەن ئۆلكىسىنىڭ گۇڭيى شەھىرىدىن. 1985 ـ يىلى جامائەت خەۋپسىزلىكى خىزمىتىگە قاتناشقان، ئىلگىرى خېنەن ئۆلكىسى گۇڭيى شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى مىخې ساقچىخانىسىنىڭ خەلق ساقچىسى، قاتناش ساقچى چوڭ ئەترىتى 2 ـ ئوتتۇرا ئەترىتىنىڭ خەلق ساقچىسى بولغان. 1992 ـ يىلى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىگە كىرگەن، 2 ـ دەرىجىلىك مەسئۇل ساقچى. 1994 ـ يىلى، ما شىگو بىر قېتىملىق دېلو بېجىرىشتە سەپدىشىنى قوغداش ئۈچۈن قەھرىمانلارچە قۇربان بولغان. 1995 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى، جامائەت خەۋپسىزلىكى مىنىستىرلىقى ما شىگوغا 1 ـ دەرىجىلىك قەھرىمان نەمۇنىچى نامىنى تولۇقلاپ بەرگەن.

ۋاقىتنى 1994 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنىگە قايتۇرۇپ كېلەيلى. شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن سائەت 3لەردە، ساقچى گۇدۇكى ياڭرىغان بىر ساقچى ئاپتوموبىلى يولدا غۇيۇلداپ ماڭغان. ئاپتوموبىل ئىچىدە، ما شىگو ۋە خىزمەتدىشى ۋاڭ جيەنچىڭ قاتناش ۋەقەسى تۇغدۇرۇپ قاچقان ۋاڭ Xنى ئېلىپ، گۇڭيى شەھەرلىك قاتناش ساقچى چوڭ ئەترىتى 2 ـ ئوتتۇرا ئەترىتىگە بېرىپ بىر تەرەپ قىلماقچى بولغان.

ۋاڭ X بۇنىڭدىن ئىلگىرى كۆپ قېتىم دېلو سادىر قىلغان، جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگانلىرى ئۇنى بىرقانچە كۈن قوغلاپ تۇتقان. ئىلگىرى سادىر قىلغان دېلو خاتىرىلىرىنىڭ تەكشۈرۈلۈپ ئېنىقلىنىپ قېلىشىدىن قورققان ۋاڭ X يولدا كۆپ قېتىم قېچىشقا ئۇرۇنغان بولسىمۇ، ما شىگو تەرىپىدىن بويسۇندۇرۇلغان. قېچىپ كېتەلمەيدىغانلىقىغا كۆزى يەتكەن ۋاڭ X نومۇس قىلغىنىدىن قاتتىق غەزەپلىنىپ، قوينىدىن ئۆزى ياسىغان بىر گراناتنى چىقارغان ھەم پىلىكنى تارتىۋەتكەن.

«جيەنچىڭ، بومبا بار ئىكەن، تېز ئاپتوموبىلدىن سەكرە!» گراناتتىن «پىژ ـ پىژ» قىلىپ ئاق ئىس چىققان، ئىنتايىن خەتەرلىك پەيتتە، ما شىگو ھايات قېلىش ئۈمىدىنى ئاپتوموبىل ھەيدەۋاتقان ۋاڭ جيەنچىڭغا قالدۇرۇپ، كۆكرەك كېرىپ پارتلاش ئالدىدا تۇرغان بومبىغا ئۆزىنى ئاتقان. كۈچلۈك ئاۋاز بىلەن ما شىگو قان ئىچىگە يىقىلغان، ۋاڭ X پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئاپتوموبىلنىڭ دېرىزىسىدىن سەكرەپ قېچىپ كەتكەن. ئەڭ ئاخىرى، ۋاڭ جيەنچىڭ ئىككى نەپەر ئادالەت يولىدا پىداكارلىق كۆرسەتكەن ئامما بىلەن بىرلىكتە قېچىشقا ئۇرۇنغان ۋاڭ Xنى تۇتقان. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ما شىگومۇ جىددىي دوختۇرخانىغا ئېلىپ بېرىلىپ داۋالىتىلغان.

1994 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى، ما شىگو ئاخىر يارىسى بەك ئېغىر بولغانلىقتىن قۇتقۇزۇش ئۈنۈم بەرمەي شەرەپ بىلەن قۇربان بولغان. گۇڭيى شەھەرلىك قاتناش ساقچى چوڭ ئەترىتى 2 ـ ئوتتۇرا ئەترىتىنىڭ سابىق ئوتتۇرا ئەترەت باشلىقى لى جىڭلىننىڭ ئەسلىشىچە، ما شىگو ھاياتىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى پەيتىدە، سېستىرادىن قەغەز، قەلەم سوراپ، قولى بىلەن ئەگرى ـ بۈگرى قىلىپ ناھايىتى كۆپ كىشى كۆرۈپ چۈشەنمەيدىغان بىر باغاقچىنى يېزىپ قالدۇرغان. «مەن باغاقچىنى كۆرۈپلا يىغلىۋەتتىم، مۇشۇنداق ۋاقىتتىمۇ، ما شىگو يەنە خىزمەتتىكى ئىشلاردىن ئەنسىرەپ، بىزگە ئىلگىرى سىزىپ قويغان بىر پارچە قاتناش ھادىسىسى نەق مەيدان خەرىتىسىنى نەگە قويغانلىقىنى ئېيتىپ بېرىپتۇ».

ما شىگو مۇنداق دېگەن: «مەن لېي فېڭغا ئوخشاش، قايسىلا كەسىپنى قىلسام شۇ كەسىپنى سۆيۈپ، ئادەتتىكى خىزمەت ئورنىدا، پۈتۈن ۋۇجۇدۇم بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىمەن.» خىزمەتتە ئەستايىدىل مەسئۇل بولۇش، خەلققە تولۇپ تاشقان قىزغىن بولۇش، بۇ، ما شىگونىڭ ئىزچىل ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىپ كەلگەن كىشىلىك تۇرمۇش ئاساسىي مەقسىتى. بىر جامائەت خەۋپسىزلىكى خەلق ساقچىسىغا ئايلانغاندىن كېيىن، ما شىگو خىزمەتتە جان كۆيدۈرۈپ، ھەتتاكى بىر مۇكەممەل بايرام ـ دەم ئېلىش كۈنىنىمۇ تولۇق ئېلىپ باقمىغان. ما شىگونىڭ دادىسى ئاغرىپ قېلىپ كېسەلخانىدا يېتىپ قالغاندىمۇ، ئۇ خىزمىتى ئالدىراش بولغانلىقتىن، تولۇق ئوتتۇرىدا ئوقۇۋاتقان ئوغلىنى ۋاكالىتەن ھالىدىن خەۋەر ئالغۇزغان.

ما شىگونىڭ ئائىلە تۇرمۇشى غورىگىل بولۇپ، بەزىدە ئاچىسىنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ قامدىشىغا موھتاج بولغان. شۇ چاغدا، ئىلگىرى ئاز بولمىغان كىشىلەر ما شىگونى ئىش بېجىرگەندە «جانلىقراق بولۇش»قا، «ياغاچتەك قاتمال» بولماسلىققا دەۋەت قىلغان. ما شىگو ھەققانىي ۋە ئاچچىق سۆزلەر بىلەن مۇنداق جاۋاب بەرگەن: «مەن بىر ئۆمۈر دۆت بولۇشقا رازىكى، ھەرگىزمۇ بېشىمدىكى ساقچى گېربىگە قارا سۈركىمەيمەن!» ئۇ دائىم ئاچ كۆز بولمىغاندىلا ئاندىن قانۇننى ئادىل ئىجرا قىلغىلى بولىدۇ، دېگەن.

بۈگۈنكى كۈندە، ما شىگونىڭ ئوغلى ما سۇڭتاۋ قەھرىماننىڭ ئىرادىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ، بىر قاتناش ساقچىسى بولدى. «دادام ماڭا ھاياتلىق بەردى، مېنى باقتى، ئۆزى ياشلا ۋاپات بولدى، ماڭا جاۋاب قايتۇرۇش پۇرسىتى بەرمىدى. مەن دادامنىڭ شەخسىيەتسىز تۆھپە قوشۇش، باتۇر، ھېچنېمىدىن قورقمايدىغان روھىغا ۋارىسلىق قىلىپ، جان كۆيدۈرۈپ ئىشلەپ، پۇختا ئادەم بولىمەن، ئۆز ھاياتىمنى جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىشلىرىغا بېغىشلاپ، دادامنىڭ قەھرىمان روھىنى تەسەللىي تاپقۇزىمەن».

---

# شىزاڭ چاڭدۇدىكى ئۈچ قەھرىمان: ئېگىزلىكتە قان تۆكۈپ خەلقنى قوغداش

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، لاسا، 11 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى تېلېگراممىسى(مۇخبىرلار ۋاڭ زېخاۋ، ۋاڭ چىنئوۋ)** 1995 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى، كۈچلۈك ئوق ئاۋازى شىزاڭنىڭ چاڭدۇ ۋىلايىتى گوڭجۆ ناھىيەسى شيۇڭسۇڭ يېزىسى ئانى كەنتىنىڭ سەھەردىكى جىمجىتلىقنى بۇزغان. بىر توپ جىنايەتچى ئۇنسۇر غالجىرلارچە ئۇلارنى قورشاپ تۇتماقچى بولغان جامائەت خەۋپسىزلىكى كادىر ـ ساقچىلىرىغا ئوق چىقىرىپ، ئاخىرقى قېتىم قارشىلىق كۆرسىتىشكە تەلۋىلەرچە ئۇرۇنغان. كەسكىن ئېتىشىشتا، لوساڭ زېرېن، نىما زاشى، لوسۇڭ يىشىدىن ئىبارەت ئۈچ نەپەر جامائەت خەۋپسىزلىكى كادىر ـ ساقچىسىغا بەختكە قارشى ئوق تېگىپ، قەھرىمانلارچە قۇربان بولغان.

ئۈچ قەھرىمان ھاياتى بەدىلىگە خاتىرجەملىكنى قولغا كەلتۈرگەن، خەلق مەڭگۈ ئۇنتۇپ قالمايدۇ.

1990 ـ يىلى 10 ـ ئايدا شيۇڭسۇڭ يېزىسىدا بىر قېتىملىق قوراللىق ئادەم ئۆلتۈرۈپ بۇلاڭچىلىق قىلىش دېلوسى يۈزبەرگەن. شۇ جايدىكى ياۋۇز بۇلاڭچى جويۆ چىلىي جۇدا قاتارلىق ئۈچ ئادەم بىلەن شېرىكلىشىپ، شۇ يېزىدىكى ئەمدىلا سەككىز ياشقا كىرگەن بىر بالىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر ئائىلىدىكى بەش جاننى ئۆلتۈرگەن ھەم ئۆلگۈچىلەرنىڭ يېنىدىكى ئۈنچە ـ مەرۋايىت ۋە 30 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق نەق پۇلنى بۇلاپ قېچىپ كەتكەن.

«كىم مېنى ئەرز قىلسا، مەن شۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىمەن!» خەتەرلىك تاغ ھەمدە پۇقرالارنى قورقۇتۇشقا تايىنىپ، جويۆ چىلىي قاتارلىقلار قېچىپ يۈرگەن مەزگىلدە قىلچىمۇ ھوشىنى تاپمىغان، يەنە كۆپ قېتىم قوراللىق دېلو سادىر قىلغان.

1995 ـ يىلى يېڭى يىل مەزگىلىدە، ئاممىنىڭ جويۆ چىلىينىڭ يۇرتى ئانى كەنتىگە قايتىپ كەلگەنلىكىنى پاش قىلغان خەۋىرىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، چاڭدۇ ساقچى تەرەپ دەرھال قورشاپ يوقىتىش كىچىك ئەترىتى قۇرغان، چاڭدۇ ۋىلايەتلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى باشقارمىسىنىڭ باشقارما باشلىقى لوساڭ زېرېن ئەترەت باشلىقى بولغان.

400 كىلومېتىردىن ئارتۇق جىددىي يۈرۈش قىلىپ، ئېگىز ـ پەس تاغ يولى، قار ـ شۇۋرغاندا، كىچىك ئەترەت نۇرغۇن جاپا ـ مۇشەققەت ۋە خەۋپ ـ خەتەرنى باشتىن كەچۈرۈپ، ئاخىر جويۆ چىلىينىڭ كونا ئۇۋىسىغا يېتىپ كەلگەن. ئەترەت ئەزالىرىنىڭ كۆز ئالدىدا 25 مېتىر ئېگىزلىكتىكى «قاراۋۇل مۇنارى» نامايان بولغان. بۇ خىل «قاراۋۇل مۇنارى» شۇ جايدىكى تىپىك ئولتۇراق قۇرۇلۇشى بولۇپ، سىرتقى تېمى توپىدىن خاڭدىلىپ ياسالغان، ئېگىز ـ زور، قاتتىق بولۇپ، دېرىزىسى كۆزىتىش تۆشۈكى ۋە قارىغا ئېتىش تۆشۈكىنىڭ ئورنىنى ئالغان.

«يولداشلار، پارتىيە ۋە خەلق بىزنى سىنايدىغان ۋاقىت يېتىپ كەلدى!» لوساڭ زېرېن ئۇرۇش قىلىشتىن بۇرۇن سەپەرۋەرلىك قىلغان.

لوساڭ زېرېن ئالدى بىلەن ئۆينىڭ ئىچىگە قاراپ مۇنداق دەپ ۋارقىرىغان: «بىز ساقچى، دەرھال تەسلىم بولۇش!» جويۆ چىلىي ۋەھشىيلەرچە ئوق چىقارغان. لوساڭ زېرېن ئەڭ ئالدىدا تۇرۇپ، بىر تەرەپتىن قوماندانلىق قىلىپ، بىر تەرەپتىن ئوق چىقىرىپ زەربىدار ئەترەت ئەزالىرىنى ھىمايە قىلغان.

جويۆ چىلىي قەبىھلەرچە تۇغقانلىرىنى ئۆگزىگە چىقىشقا قىستاپ، ساقچىلارنىڭ دىققىتىنى چېچىشقا ئۇرۇنغان. بىگۇناھ كىشىلەرنى يارىلاندۇرۇپ قويماسلىق ئۈچۈن، لوساڭ زېرېن دەرھال ئوققا تۇتۇشنى توختىتىشقا بۇيرۇق چۈشۈرگەن. دەل لوساڭ زېرېن يەنە بىر قېتىم جىنايەتچىلەرنى تەسلىم بولۇشقا دەۋەت قىلماقچى بولغاندا، «قاراۋۇل مۇنارى» ئىچىدىكى قورال ئېغىزى ئۇنىڭغا توغرىلانغان. لوساڭ زېرېن قان ئىچىگە يىقىلغان.

لوساڭ زېرېننىڭ قۇربان بولۇشى ئەترەت ئەزالىرىنى غەزەپلەندۈرگەن، ئۇلار جەڭ تاكتىكىسىنى قايتا تەشكىللەپ، كۈچلۈك ھۇجۇم بىلەن ئىشىكنى بۇزۇپ بۆسۈپ كىرىپ، توققۇز ئايال، بالىنى قۇتقۇزغان. جەڭدە، ئوت كۈچى بىلەن ھىمايە قىلىشقا مەسئۇل بولغان زوراۋانلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىش كادىر ـ ساقچىسى نىما زاشى، لوسۇڭ يىشىمۇ بەختكە قارشى ئوق تېگىپ قەھرىمانلارچە قۇربان بولغان. جويۆ چىلىي قاتارلىقلار كۈچلۈك ئوت ھۇجۇمى ئاستىدا، «قاراۋۇل مۇنارى» بىلەن بىرلىكتە ھالاك بولغان.

بىر تەرەپنىڭ ئامانلىقىنى قوغداش ئۈچۈن جىنايەتچىلەر بىلەن قان كېچىپ كۈرەش قىلغان ئۈچ نەپەر قەھرىمان داماللا تېغى ئېتىكىدە مەڭگۈلۈك كۆز يۇمغان.

1995 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى، جامائەت خەۋپسىزلىكى مىنىستىرلىقى لوساڭ زېرېن، نىما زاشى ۋە لوسۇڭ يىشىلارغا 1 ـ دەرىجىلىك قەھرىمان نەمۇنىچى نامىنى تولۇقلاپ بەرگەن، شىزاڭ چاڭدۇ ۋىلايەتلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى باشقارمىسى «12 ـ يانۋار» ئالاھىدە ھەرىكەت ئەترىتىنى كوللېكتىپ 1 ـ دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتتى دەپ ئەنگە ئالغان.

20 نەچچە يىل ئۆتۈپ كەتتى، ھەر قېتىم چىڭمىڭ كۈنى كەلگەندە، چاڭدۇ شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى كادىر ـ ساقچىلارنى تەشكىللەپ، چاڭدۇ شەھەرلىك ئىنقىلابىي قۇربانلار قەبرىستانلىقىغا بېرىپ، ۋاپات بولغان ئۈچ قەھرىمان ئۈچۈن گۈل تەقدىم قىلىدۇ، قەبرە سۈپۈرىدۇ، ئۇلارنىڭ شانلىق ئىش ئىزلىرىنى چوڭقۇر ياد ئېتىدۇ ھەم ئىنقىلابىي قۇربانلارنىڭ قەبرىسى ئالدىدا كوللېكتىپ قەسەم بېرىدۇ.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 ـ نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)